# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 8 ـ ئاي
26
چارشەنبە
维吾尔文 8月26日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25165 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى پىكىر بېسىپ تارقاتتى

## جەمئىيەت قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان يېقىندا،** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «جەمئىيەت قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: جەمئىيەت قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى ۋە كىيىم ـ كېچەكى، يېمەك ـ ئىچمەكى، ھال ـ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەت ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى تولۇق كاپالەتلىك، ئۇل خاراكتېرلىك تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

تولۇق تېكىستنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى يەنىمۇ كېڭەيدى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈمى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، لېكىن قايتا كۆرۈلۈش خەۋپ ـ خەتىرى يەنىلا مەۋجۇت، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئورۇنداش ۋەزىپىسى مۈشكۈل، ئېغىر. تەستە قولغا كەلگەن ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەك ئېتىبار بېرىپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، رايونغا ئايرىپ تەدبىر يۈرگۈزۈپ، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، قىلچە بوشاشماي، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ پەرقلىق، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. يۇقۇم ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ئىگىلەپ، ئاساسىي زىددىيەت ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ، رايونغا ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، كىشىلەر توپىغا ئايرىپ باشقۇرۇش، كەسىپكە ئايرىپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئىلمىيلىكى، دەللىكى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۈرۈمچى شەھىرى قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق مەھەللىلەر، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇم كۆرۈلمىگەن ئولتۇراق رايونلاردىكى ئاھالىلەرنى توپلاشماي شەخسىي پائالىيەت قىلىشقا ئىلمىي، تەرتىپلىك تەشكىللىشى، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ دوختۇرخانىدىكى ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنىڭ ئالدىن تەكشۈرۈپ ئايرىپ دىياگنوز قويۇش،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قاتناش تۈرلىرىدە جىددىي قۇرۇلۇش قىلىنماقتا

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لۇ فېڭباۋ، ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ھازىر دەل قاتناش قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ئالتۇن مەزگىلى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول، تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى نۇقتىلىق قاتناش تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جىددىي قۇرۇلۇش قىلىپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى قەرەلدە يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاشقا تىرىشماقتا.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، S101 لىنىيەسىنىڭ چۇرگۇل بازىرىدىن ماناس دەرياسى بۆلىكىگىچە بولغان تاشيول سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇش تۈرى نەق مەيدانىدا، بىر يېيىش ماشىنىسى ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەپ، يول يۈزىگە ئاسفالت ئارىلاشما ماتېرىيالىنى تەكشى يېيىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان يول چىڭداش ماشىنىسى ئۈزۈلمەي ـ بۇياقتا بېرىپ ـ كېلىپ چىڭداۋاتاتتى، تۈزلەۋاتاتتى. بۇ تۈر تيانشان جۇغراپىيەلىك رەسىم كارىدورى سەرخىل ساياھەت لىنىيەسىدىكى بىر بۆلەك بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 79.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يىلقى قۇرۇلۇش مەزمۇنى ئاساسلىقى شىبغىل يولنى ئاسفالت يولغا ئۆزگەرتىش، لىنىيەدە كۆۋرۈك ـ سۇڭگۈچلەرنى كۆپەيتىش ۋە ئاسراش، ئاپتوموبىل توختىتىش رايونى ۋە مەنزىرە كۆرۈش سۇپىسىنى كۆپەيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، قۇرۇلۇش ئاسفالت يېيىش باسقۇچىغا كىردى، 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاماملاش پىلانلاندى. «بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، كۆپ تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ماتېرىيال توشۇش قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، قۇرۇلۇشنى يىل ئىچىدە قەرەلدە تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى تۈرنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى لى يۈەن.
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

## يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسقا دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن قاراش كېرەك

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا
3 ـ بەتتە

## يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى ئارقىلىق تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىمىز

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ قىزغىن ئىنكاسىنى قوزغىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **فەن خۇڭيى، جاۋ شيا**

«پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، شامالغا قارشى كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ قىزغىن ئىنكاسىنى قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يىراقنى كۆزلەپ، چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىپ، تىرىشىپ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈپ چىقىمىز.

«باش شۇجى سۆھبەت يىغىنىدا تىلغا ئالغان ئالتە جەھەتتىكى مەسىلە ھەم مۇتەخەسسىسلەرگە قويۇلغان يېڭى تېما، ھەم كەلگۈسى تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك يېڭى ئىمتىھان قەغىزى.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ئىقتىساد ئىلمى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ پىروفېسسورى جوۋ بىن مۇنداق قاردى: دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇھىتنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشى ھەم بىر قاتار يېڭى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 36 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 36 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ،
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

لى پېڭشىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەھەللىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەھەللىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى كادىرلاردىن ھال سورىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى تىرىشىپ مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ،
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئوقۇش يېتەكچىسى

ماناسنىڭ ئورگانىك دەريا قىسقۇچپاقىسى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇۋدا بازار تاپتى
3 ـ بەتتە

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

«ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» يولغا قويۇلغان ئىككى يىلدا ②

## كەسىپلەر ساياھەتنى چۆرىدەپ ئۆزگەرتىلدى



جامبۇلاق بوشلۇق بۇغدايلىقى (8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). □ يەن يوۋسەي فوتوسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رېن جياڭ**

«بىر كەسىپ گۈللەنسە كۆپ كەسىپ جانلىنىدۇ»، ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش شىنجاڭنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن كۈچكە ۋە سىلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ساياھەت ئۇنىۋېرسال كەسىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. «ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغان ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ساياھەتنى بۆسۈش تېمىسى قىلىپ، ساياھەتنى غول لىنىيە قىلىپ، تۈرلۈك كەسىپلەرنى پىلانلىدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى، ھەم «ئۆزگەرتىش»نى تېزلىتىپ، «تەڭشەش»نى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسىپلەرنى ساياھەتنى چۆرىدەپ ئۆزگەرتىپ، كەسىپ ھالقىپ يۇغۇرۇش، كەسىپ ھالقىپ بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، كەسىپ بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، زور بىر تۈركۈم يۇغۇرما يېڭى كەسىپ ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ساياھەتچىلىكنى باشلامچى قىلغان، كەسىپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ۋەزىيەتنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

«ساياھەت + يېزا ئىگىلىكى»

1 ـ كەسىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىلىشنى بازار يېڭى يولى بىلەن تەمىنلىدى.

7 ـ ئاينىڭ باشلىرى، باغراش ناھىيەسى تاۋۇن جوگۈن يېزىسى خار ئىنگىن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جاۋ شىبياۋنىڭ مېۋە، كۆكتات ئۈزۈش بېغىدا ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، «باغ ئېچىلىشى بىلەنلا نۇرغۇن ئادەم كېلىپ مېۋە، كۆكتات ئۈزدى، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر كۈندە 800دىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدۇق.»
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)